## 106554 ـ بەزى جامائەتلەر تاۋاپ قىلغاندا ئاياللارنى ئوتتۇرىغا ئىلىپ تاۋاپ قىلىدۇ، بۇنداق ئەھۋالدا كەبە بەزىلەرنىڭ سول تەرىپىدە بولۇپ قالىدۇ بۇنداق قىلىش توغرىمۇ؟

### سۇئال

بەزى جامائەتلەر تاۋاپ قىلغاندا بىر-بىرىنىڭ قولىنى تۇتۇپ هالقا شەكىلدە بولۇپ ئاياللارنى ئوتتۇرىغا ئىلىپ تاۋاپ قىلىدۇ، بۇنداق ئەھۋالدا كەبە بەزى كىشىلەرنىڭ ئوڭ تەرىپىگە، بەزى كىشىلەرنىڭ گەردىنىگە بولۇپ قالىدۇ، بۇنداق هالەتتە تاۋاپ قىلسا توغرا بولامدۇ؟ . بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

### تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل مەدھىيىلەر ئالەملەرنىڭ رەببى بولغان ئاللاھقا خاستۇر، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيهىسسالامغا، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا، ساھابىلىرىغا ۋە قىيامەتكىچە ئۇلارغا ئەگەشكەن كىشىلەرگە ئاللاھنىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

بۇ بىر تەرەپتىن خەتەرلىك، يەنە بىر تەرەپتىن كىشىلەرگە ئەزىيەت يەتكۈزىدىغان ئىشتۇر، ئەمما كىشىلەرگە ئەزىيەت يەتكۈزۈشى: ئۇلار تاۋاپقا بۇ شەكىلدە توپلىشىپ كەلسە كىشىلەرگە ئەزىيەت يەتكۈزىدۇ، كىشىلەرگە ئەزىيەت يەتكۈزىدىغان هالەتتە تاۋاپ قىلىش توغرا بولمايدۇ.

ئەمما بۇنىڭ خەتىرىگە كەلسەك: سوئال سورىغۇچى ئېيتقاندەك، بەزىلىرى كەبىگە دۈمبىسىنى قىلغان هالەتتە تاۋاپ قىلسا، يەنە بەزىلىرى كەبىگە يۈزلەنگەن هالەتتە تاۋاپ قىلىدۇ، تاۋاپتا كەبىنى سول تەرىپىگە قىلىپ مېڭىش شەرت بولىدۇ، كەبىگە كەينىنى قىلىپ ياكى ئوڭ تەرىپىنى قىلىپ ياكى يۈزلەنگەن هالەتتە تاۋاپ قىلسا، بۇ شەكىلدە قىلغان تاۋاپ توغرا بولمايدۇ."

"] ئىبنى ئۇسەيمىن پەتىۋالار مەجمۇئەسى- 22 "توم-288- 287 بەتلەر].